## 7416 ـ ئايالّلارنىڭ رامىزان ئېيىدا ئايلىق ئادىتىنى يەنى ھەيزنى چەكلىشى توغرىسىدا

### سۇئال

بەزى ئايالّلار رامىزان روزىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ كېيىن قازاسىنى قىلماسلىق ئۈچۈن، رامىزاندا دورا ئىشلىتىش ئارقىلىق ئايلىق ئادىتىنى يەنى ھەيزنى چەكلەشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟، ياكى ئايالّلارنىڭ بۇنداق قىلماسلىقى توغرىسىدا مەلۇم بىر بەلگىلىمە بارمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئەللامە شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ بۇ مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ قارىشىمچە: ئايالّلار ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەۋلاتلىرىدىن بولغان ئايال جىنسلىقلارغا بېكىتكەن يەنى تەقدىر قىلغان ئىشى بولۇپ، ئايالّلار ئاللاھ تائالا ياراتقان تەبىئىتى بويىچە قىلىشى لازىم. ئاللاھنىڭ بۇ ئىشنى ئايالّلارنىڭ تەبىئىتىدە پەيدا قىلىشىدا ھېكمەت بولۇپ، بۇ ئايالّلارنىڭ تەبىئىتىگە مۇناسىپ كېلىدۇ. ئايالّلار ئۆزلىرىنىڭ نورمال داۋاملىشىۋاتقان ئايلىق ئادەتلىرىنى چەكلىگەندە، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە: ئۆزىگىمۇ ۋە باشقىلارغىمۇ زىيان يەتكۈزۈش توغرا ئەمەس دەپ بايان قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت تىببى خادىملارنىڭ خەۋرىگە كۆرە، ئايالّلار ئىشلەتكەن بۇ دورىلار ئۇلارنىڭ بالىياتقۇسىغا زىيانلىق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالّلار ئايلىق ئادىتىنى چەكلەيمەن دەپ دورا ئىشلەتمەسلىكى لازىم. ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى، ھېكمىتى ۋە تەڭداشسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ئايالّلار ئايلىق ئادەت دەۋرىدە ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشتىن چەكلەنگەن. ھەيزدىن پاكلانغاندىن كېيىن روزا بىلەن نامازنى يېڭىدىن باشلايدۇ، نامازنىڭ قازاسى قىلىنمايدۇ. رامىزاندا تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى رامىزاندىن كېيىن ئادا قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.